## 38040 ـ باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى توغرىمۇ؟

### سوئال

مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇ بېشىنىڭ يېرىمى ئاغرىيدىغان ئىشقا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن رامىزاندا روزا تۇتمايدۇ، ئۇنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ؟. رامىزاندا تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قانداق قىلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

### تەپسىلىي جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

كېسەلنىڭ رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ تەرجىمىسى: كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. [سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

يۇقىرىدىكى ھۆكۈم رامىزاندا رازا تۇتسا قىيىن بولىدىغان ئېغىر كېسەللەر ئۈچۈندۇر.

ئەمما روزا تۇتسا ھېچ قىيىنچىلىق بولمايدىغان ئادەتتىكى كېسەللىك رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا سەۋەب بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە 12488ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

رامىزاندا روزا تۇتۇش سەۋەبىدىن باش ئاغرىقى كۈچىيىپ كېتىدىكەن، بۇ كىشى ئۈچۈن رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولىدۇ.، ئەمما رامىزاندىن كېيىن روزا تۇتالمىغان كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقى رامىزاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشى مۇمكىن بولمىغاندا، رامىزاندا روزا تۇتالمىغان ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر كەمبەغەل كىشىگە يېمەك بېرىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.